# 3 - قېتىملىق مەركىز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

# تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

چاپچال:

## يېزا - قىشلاق چوپان ناخشىسىدا ئەكس ئەتكەن بەختلىك تۇرمۇش يۈگمە رەسمى كەڭ يېيىلدى

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈشىي

كەچقۇرۇن، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى 10 مىڭ مولۇق ئورگانىك شاللىق - قىسقۇچپاقا باقمىچىلىق كەسپى بازىسىغا ئالتۇن رەڭلىك قۇياش نۇرى چېچىلىپ تۇراتتى. كان يېزىسى خولتىكچىگى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى خەن جۈنجياڭ قىسقۇچپاقا تۇتۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى، ئۇنىڭ ئۇزۇن كۆلەڭگىسى سۇ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. 6 - ئايدا شاللىققا قويۇپ بېرىلگەن 360 كىلوگرام كىچىك قىسقۇچپاقا بازارغا سېلىنغان بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارىنىڭ بىر توننىدىن ئېشىشى مۆلچەرلەندى، ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسىنىڭ 120 يۈەن بولۇشى ئۇنى خۇشال قىلدى.

10 مىڭ مولۇق ئورگانىك شاللىق - قىسقۇچپاقا باقمىچىلىق كەسپى بازىسى قۇرۇش چاپچالنىڭ كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىگە تۈرتكە بولۇشتىكى بىر تۈرلۈك تەدبىرى. 2014 - يىلدىن 2016 - يىلغىچە، بۇ ناھىيەدىكى 29 نامرات كەنت ئارقا - ئارقىدىن نامراتلىقتىن چىكىندى، نامرات ناھىيەمۇ رەسمىي «قالپىقىنى ئېلىۋەتتى». مۇشۇ ئاساستا، چاپچال كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، ئېكولوگىيەنى قوغداش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يېڭى يولىدا ماڭدى، يېزا - قىشلاق چوپان ناخشىسىدا ئەكس ئەتكەن بەختلىك تۇرمۇش يۈگمە رەسمى ئاستا - ئاستا كەڭ يېيىلماقتا.

### كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش

بۇ يىل، جۇماكېرىم توختاسىننىڭ ئىككى ئارزۇسى بار: بىرى، ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان پىكاپ سېتىۋېلىش، يەنە بىرى شەرەپلىك كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولۇش. «پارتىيە مېنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى، مەن پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىمەن» دېدى ئۇ.

دۆيىپچى نىلۇ يېزىسى قىي يىلك كەنتىدىكى بۇ كەنت ئاھالىسىنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىرنەچچە يىل ئىلگىرى تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىسۇن. بەش يىل ئىلگىرى، ئۇ ئېرى بىلەن ناھىيەدىكى چۇاڭجىن چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ باقمىچى بولدى. ئەينى چاغدا ئۇلار كېسەك ئۆيدە ئولتۇراتتى، يەنە 50 مىڭ يۈەن قەرزى بار ئىدى.

شىركەتكە كىرگەندىن كېيىن، ئىپادىسى ياخشى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىرى سۈت سېغىش زالىغا بېرىپ بەنجاڭ بولدى، بىرى مال دوختۇرى بولدى، مائاشىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5000 نەچچە يۈەن ۋە 4000 نەچچە يۈەنگە ئۆستى. «كىرىمىمىز ئاشتى، قەرزىنىمۇ قايتۇرۇپ بولدۇق، يېڭى ئۆي سېلىۋالدۇق، يېڭى ئۆي جاھازىلىرى سېتىۋالدۇق، يەنە تېخى پۇل ئامانەت قويدۇق» دېدى ئۇ خۇشال ھالدا.

بۇ يىل، جۇماكېرىم شىركەتتە پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپى بولدى. «مەن يەنە شەھەردىن بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋېلىپ، قېيىنئاتام، قېيىنئانام ۋە ئىككى بالامنى ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كېلىپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلاۋاتىمەن» دېدى ئۇ.

چۇاڭجىن چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتى 2017 - يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شۇ جايدىكى 509 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، يەنە «شىركەت+ھەمكارلىق كوپىراتىپى+دېھقان ئائىلىسى» شەكلى ئارقىلىق 6000دىن ئارتۇق ئائىلىدىكى دېھقان - چارۋىچىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. «بىزنىڭ نىشانىمىز 2022 - يىلى پايى بازارغا سېلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 2025 - يىلغا بارغاندا 13 مىڭ دېھقان ئائىلىسىگە تۈرتكە بولۇش» دېدى بۇ شىركەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى جيۈكچۈن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چاپچال كەسپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، نانچىلىق كەسپى قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۈملەشكەن كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ھەمىيىنىنى تومپايتتى.

### كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش

ئىلگىرىكى توپا يېغىپ، قۇم - بوران توختىماي چىقىدىغان جايدا، بۈگۈنكى كۈندە دەل - دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بولدى.

ئۈچ يىل ئىلگىرى، قاينۇق يېزىسىنىڭ چوڭبۇلاق كەنتى بىلەن چىچى كەنتىنىڭ تۇتاشقان جايىدا بىر قاقاسلىق بار بولۇپ، كۈنبويى شامال چىقىپ توپا ئۇچۇپ تۇراتتى، ھەممە يەر ئاق شور بىلەن قاپلانغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەر يېشىل تون كىيىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىدىكى «گۆھەر ماكان»غا ئايلاندى. ئويمان يەردىكى بېلىق كۆلچىكى دولقۇنلاپ كۆزنى چاقنىتىپ، ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، چىچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مانا يۇنۇس ئورمان بەلبېغىدىكى تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسىنى توپىغا كۆمۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى، ئورمان بەلبېغىنى باشقۇرۇش - قوغداش ئۇنى بىر ئايدا 1000 يۈەن مۇقىم كىرىمگە ئىگە قىلدى. «ئىلگىرى يەر تېرىغاندا كىرىمىم كۆپ ئەمەس ئىدى، مەن يەرنى بىراقلا ھۆددىگە بېرىۋەتتىم، ئورمان بەلبېغىنى باشقۇرۇش - قوغداشتىن مۇقىم كىرىمىم بار بولدى، يەنە ۋاقىت چىقىرىپ يايما ئېچىپ كاۋاپ سېتىپمۇ بىر ئايدا خېلى كىرىم قىلىدىغان بولدۇم» دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۆيسۇن تېغى ئېتىكىدىكى بۇ يەر ئەسلىدە قۇرغاق، ئۈنۈمسىز بولۇپ، دېھقانلارنىڭ يەرگە تايىنىپ نان تېپىپ يېيىشى تەس ئىدى. شۇڭا ناھىيە «ئېكولوگىيە+نامراتلارنى يۆلەش» تەپەككۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ يەردە 300 مىڭ مو ئېكولوگىيەلىك ئىقتىسادىي ئورمان ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئالما، ئۈرۈك، شىنىي قاتارلىقلارنى ئۆستۈرۈپ، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە، ھەم ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئىقتىسادىي ئورماندا «شىركەت+دېھقان ئائىلىسى» باشقۇرۇش - قوغداش ئەندىزىسى يولغا قويۇلۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى قوشۇنىغا كىرگۈزۈلدى، ھەربىر نامرات ئائىلە 50 مو مېۋىلىك دەرەخنى باشقۇردى، ئالدىنقى بەش يىلدا پايدا بولمىغاندا، ھەر يىلى ھەربىر ئائىلىگە 12 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلدى؛ بەش يىلدىن كېيىن، ياردەم پۇلى بېرىلمەي، مېۋىلىك دەرەخ پايدىسىنىڭ 30%ى نامرات ئائىلىلەرگە بېرىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، چاپچالنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىغا ئاپتوموبىللىق بارسىڭىز، كەسپلەر تەرەققىي قىلىش بىلەن بىللە، مۇھىتنىڭ تېخىمۇ گۈزەللەشكەنلىكىنى بايقايسىز. 100 مىڭ مولۇق زاراڭزا ئۆلچەملەشكەن يېشىل خام ئەشيا بازىسى، 5000 مولۇق ئورگانىك زاراڭزا تېرىش بازىسى، 10 مىڭ مولۇق ئورگانىك شاللىق - قىسقۇچپاقا باقمىچىلىق كەسپى بازىسى... بۇ يەرنى ھەم شىمالىي شىنجاڭنىڭ بىپايانلىقىغا، ھەم جاڭنەننىڭكىدەك گۈزەل مەنزىرىگە ئىگە قىلدى.

### كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە ماسلاشتۇرۇش

مەدەنىيەت يىلتىز، مەدەنىيەت روھ.

ئوقيا، كىيىم - كېچەك، بېلىن ئۇسسۇلى، شىبە يېزىقى... شىبە قەدىمىي شەھىرىگە كىرسىڭىز، شىبە مىللىتىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان مەدەنىيەت ئامىللىرى خۇددى سىزگە بۇ مىللەتنى چۈشەندۈرىدىغان دېرىزىلەرنى ئېچىپ بەرگەندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەت بىر گەۋدىلەشكەن شىبە قەدىمىي شەھىرى تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا. ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش قەدىمىگە ئەگىشىپ، شىبە قەدىمىي شەھىرىگە ساياھەتكە كېلىدىغانلار يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، شۇ جايدىكىلەرگە كىشىلەر ئېقىمى ئېلىپ كەلدى، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كۆپەيتتى.

سۇنجاچى نىرۇ بازىرى سۇنجاچى نىرۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەن جۈنچىڭ شىبە خەلق ناخشىسى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋارىسى بولۇپ، ھازىر شىبە قەدىمىي شەھەر مەنزىرە رايونىنىڭ ئويۇن قويۇش بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ خىزمىتى ئويۇن قويۇش بۆلۈمىدىكى ئارتىسلارغا شىبەچە ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىتىش، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش قاتارلىقلار. «بىر ئايدا 4000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايمىز، ھەم مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلدۇق، ھەم كىرىمىمىزنى ئاشۇردۇق» دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

«تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، غەربكە كۆچۈش روھى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدۇر. شىبە مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، شىبە مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى قېزىش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىشىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق» دېدى چاپچال غەربكە كۆچۈش مەدەنىيەت - ساياھەت كەسپى تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى تۇڭ شىپىڭ.

چاپچال ئۆز جايىنىڭ خاس مەدەنىيەت بايلىقىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت - ساياھەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن تەرتىپلىك جىپسلاشتۇرۇپ، شىبە قەدىمىي شەھىرى مەدەنىيەت - ساياھىتى، قازاق مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھىتى قاتارلىق يېزا - كەنت ساياھەت تۈرلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە روھ ئاتا قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىقتىسادىي قۇرۇلما سىجىل ئەلالاشتى. شىنجاڭنىڭ ئۈچ كەسپ قۇرۇلمىسى «12 - بەش يىل»نىڭ ئاخىرى (2015 - يىلى)دىكى 15.3 : 39.1 : 45.6دىن 2019 - يىلدىكى 13.1 : 35.3 : 51.6گە تەڭشەلدى، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان تەرەققىيات يولى كۈنسېرى ئايدىڭلاشتى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قۇرۇلمىسى، كەسپ قۇرۇلمىسى، مۇھىم ئامىل قۇرۇلمىسى، ئېشىش شەكلى مىسلىسىز ئەلالاشقان ھالدا قايتا تەشكىللەندى. بولۇپمۇ ئۈچ كەسپنىڭ تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرمىسى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: 1 - كەسپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئاشلىق مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، كېۋەز ئەلالاشتۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىق ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، باغۋەنچىلىك كۈچەيتىلىپ، خاس كەسپلەر گۈللەندۈرۈلۈپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپ سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى ۋە تىجارەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش تېزلىتىلدى؛ 2 - كەسپتە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، نېفىت، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسپلەرنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى پائال يېتىلدۈرۈلدى؛ 3 - كەسپنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، مۇلازىمەت كەسپىنى زورايتىش، ئەلالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچى قويۇپ بېرىلدى.

تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلق تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەتلەندى. «13 - بەش يىل»نىڭ ئالدىنقى تۆت يىلىدا، شىنجاڭدىكى شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى GDPنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن تېز بولدى. 2016 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.1% ئېشىپ، 2019 - يىلى 34 مىڭ 664 يۈەنگە يەتتى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.6% ئېشىپ، 2019 - يىلى 13 مىڭ 122 يۈەنگە يەتتى.

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، شىنجاڭ تېخىمۇ تەشەببۇسكار قىياپەت، تېخىمۇ مۇستەھكەم قەدەم بىلەن، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرماقتا.

---

## ھارۋا سۆرەيدىغان ئېشەك بىپىشتىكى يېڭى كەسپكە ئايلاندى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ يى، جېڭ جو، زوۋ يى، جۇڭ جاۋفېڭ

ئىلگىرى، ئېشەك گۇما ناھىيەسىدىكى دېھقانلارغا ئەڭ تونۇش ئۆي ھايۋىنى بولۇپ، ھارۋا سۆرەش ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىشلىتىلىش ئورنى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە توكسىكلىت قاتارلىق قاتناش قوراللىرى ئېشەك ھارۋىسىنىڭ ئورنىنى ئالدى، بىراق «ئىشسىز» قالغان ئېشەكلەر تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇردى... گۇما ناھىيەسىدىكى نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى كەسپكە ئايلاندى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، گۇما ناھىيەسىنىڭ مۇكۇيلا يېزىسى خېجياشىن كەنتىدىكى ئېشەكلەرنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ بېقىش مەركىزىدە، ئېشەكلەر قوتاندا ئويناقشىپ يۈرەتتى، سالامەت تۇرۇپ قوتاننى تازىلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى، باقمىچىلىق خىزمىتى گۇما ناھىيەسىنىڭ كىلياڭ يېزىسى يۇلغۇنجاي كەنتىدىن كەلگەن بۇ ئايالغا ئايدا 3000 يۈەنگە يېقىن كىرىم ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ نامراتلىقتىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

«ھازىر مېنىڭ ھەر ئايلىق كىرىمىم ئۆيىمىزدە ئىلگىرى ئۈچ ئادەم تاپقان پۇلدىن كۆپ» دېدى سالامەت خۇشال ھالدا.

سالامەت كۆڭۈل قويۇپ بېقىۋاتقان ئېشەكلەر تېز ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان كەسپتىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۇما ناھىيەسى باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكىسىدە، مەركەزلىك بېقىش، بىرتۇتاش باشقۇرۇش، پايدا تەقسىماتى تەجارەت ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئېشەك بېقىش كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتتى، بولۇپمۇ ئېشەك سۈتىنى قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇردى.

«سۈت بېرىش مەزگىلىدىكى ئېشەكتىن ھەر كۈنى تەخمىنەن ئىككى كىلوگرام سۈت چىقىدۇ، ئۇنىڭ قىممىتى 60 يۈەن بولىدۇ.» گۇما ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يۈەن جىن مۇنداق تونۇشتۇردى: دېھقان ئائىلىلىرى ئېشەك بېقىپ ئېشەك سۈتىنى ساتسا بولىدۇ، ئېشەكنى كارخانىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا بەرسىمۇ بولىدۇ، ۋاكالىتەن باشقۇرۇلىدىغان ھەربىر ئېشەكتىن يىلىغا 5000 يۈەندىن 6000 يۈەنگىچە پايدا تەقسىماتىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئېشەك بېقىش كەسپىنىڭ نامراتلارنى يېتەكلەشتىكى كۈچلۈك ئىقتىدارى كەسپ زەنجىرىنىڭ كۈنسېرى مۇكەممەللىشىشىدىن كەلگەن. شۇ جايدىكى باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكىسىدە، ئېشەك سۈتى پاراشوكى، ئېشەك گۆشى ئىستىراھەت يېمەكلىكى قاتارلىق ئىنچىكە پىششىقلانغان مەھسۇلاتلار ۋە يېڭى ئېشەك سۈتى شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىكى بازارلاردا سېتىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇلما قىممىتى ۋە تونۇلۇش دەرىجىسى ئۆستى.

«300 گراملىق بىر قۇتا ئېشەك سۈتى پاراشوكىنىڭ بازار باھاسى 1200 يۈەندىن ئاشىدۇ.» يۈەن جىن مۇنداق دېدى: بىرقەدەر يۇقىرى ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە مەھسۇلاتنىڭ ئاز - ئەتىۋارلىقى بىلەن ئېشەك سۈتى قاتارلىق ئالاقىدار پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ياراتتى.

كارخانىلار مەھسۇلات قىممىتىنى ئاشۇرۇش بوشلۇقىنى قېزىش بىلەن بىللە، گۇما ناھىيەسى ئېشەك بېقىش كەسپىنىڭ زامانىۋى چارۋىچىلىق كەسپىگە قاراپ تېز ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ناھىيە باشلامچى كارخانىلارنى كىرگۈزۈپ يېتىشتۈرگەندىن باشقا، يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 55 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق قوتاننى ئۆزگەرتتى، بىر تۈركۈم كەنت دەرىجىلىك نەسىللەندۈرۈش پونكىتلىرىنى يېڭىدىن قۇردى، كېڭەيتىپ قۇردى، يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يەم - خەشەك تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش قېيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، كەسپ تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلىدى.

ياخشى ئۈنۈم ۋە مۇكەممەل كەسپ ئەندىزىسى گۇما ناھىيەسىدىكى دېھقانلارنىڭ، بولۇپمۇ نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئېشەك بېقىش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. نۆۋەتتە، گۇما ناھىيەسىدىكى ئېشەكنىڭ قوتان قالدۇقى 42 مىڭ تۇياققا يېتىپ، ئۈچ يىل ئىلگىرىكىدىن بىر قاتلاندى. پۈتۈن ناھىيەدىكى 18 مىڭ نامرات ئاھالە ئېشەك باقمىچىلىقىغا قاتنىشىپ، بېقىلىۋاتقان سان قوتان قالدۇقىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتتى، ئېشەك بېقىش كەسپى شۇ جايدىكى نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق كەسپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. كەنت ئاھالىلىرىگە ئەڭ تونۇش بولغان ئۆي ھايۋىنى يەنە ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ، چىرايلىق بۇرۇلۇشنى تاماملاپ، يوشۇرۇن كۈچى زور، ئۈنۈمى ياخشى تۈۋرۈك كەسپكە ئايلاندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆلچەش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۆلگە كۆرسىتىش ئېتىزىدىكى كۆممىقوناقنىڭ ئەڭ يۇقىرى مو بېشى ھوسۇلى 1663.25 كىلوگرامغا يېتىپ، ھازىرقى 1517.11 كىلوگراملىق مەملىكەتلىك يۇقىرى ھوسۇل رېكورتى بۇزۇپ تاشلىنىپ، مەملىكەتلىك يۇقىرى ھوسۇل رېكورتىدىن 146.14 كىلوگرام ئاشقان.

6 - شى گۇچۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كۆممىقوناقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش يادرولۇق ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىنىڭ كۆلىمى جەمئىي 200 مو بولۇپ، 78 خىل سورت سىناققا قاتناشتۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى ھوسۇل ئۆلچەشتە ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان كۆلەم جەمئىي 30 مو، ئۆلچەش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۆلگە كۆرسىتىش ئېتىزىدىكى 11 خىل سورتنىڭ ھەر مو يەردىكى بىرلىك ھوسۇلى بىردەك 1500 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتكەن، يۇقىرى ھوسۇل ئاساسلىقى مو بېشى باشاق سانى ۋە يەككە باشاقتىكى دان ئېغىرلىقىنىڭ بىردەك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلارنىڭ ھەر مو يەردىكى باشاق سانى 8600 تۈپكە، يەككە باشاقتىكى دان ئېغىرلىقى 192 گرامغا يەتكەن. نۆۋەتتە، بۇ تېخنىكا ئۇزاق مۇددەت تەتقىق قىلىش ئارقىلىق پىشىپ يېتىلىشكە يۈزلەنگەن بولۇپ، مو بېشى ھوسۇلنى 1500 كىلوگرامغا مۇقىم يەتكۈزگىلى بولىدىكەن.

«ئەۋزەل كۈن نۇرى شارائىتىغا ئىلغار تېرىقچىلىق تېخنىكىسى قوشۇلۇپ بۇ قېتىمقى كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى ھوسۇلىنىڭ مەملىكەتلىك رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىشىغا ئورتاق تۈرتكە بولدى» دېدى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى زىرائەت ئىلمى تەتقىقات ئورنى زىرائەت ئۆستۈرۈش ۋە فىزىئولوگىيەلىك يېڭىلىق يارىتىش كوللېكتىپىنىڭ باش مۇتەخەسسىسى، تەتقىقاتچى لى شاۋكۈن.

بۇ تەتقىقات كوللېكتىپى كۆممىقوناقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش يوشۇرۇن كۈچى ئۈستىدە ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىپ، مەملىكەت بويىچە سورت يېتىشتۈرۈش ئورۇنلىرىدىكى يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە سورتلارنى تاللاپ، سۇ، ئوغۇتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش شارائىتىدا، تېرىش زىچلىقىنى ئاشۇرۇپ تۈپنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ھوسۇل مىقدارىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، «زىچ تېرىپ، باشاقنى كۆپەيتىپ، ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، يېتىپ كېتىشكە تاقابىل تۇرالايدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك تۈپنى يېتىشتۈرۈش، چېچەكلىگەندىن كېيىن تۈپنىڭ ماددا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەقسىماتىنى ئاشۇرۇش»نى يادرو قىلغان ھوسۇل مىقدارىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش يولىنى ئايدىڭلاشتۇردى. بۇ تەتقىقات جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش» مۇھىم، زور ۋەزىپىسى قاتارلىق نۇرغۇن تۈرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، كۆممىقوناق سورتى ۋە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىدىكى مۇھىم، زور بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، 2009 - يىلدىن باشلاپ، بۇ تەتقىقات كوللېكتىپى گۇچۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، بىر تەرەپتىن تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن كېڭەيتكەن، ئەينى يىللىرى گۇچۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كۆممىقوناقنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلى 500 - 600 كىلوگرام ئىدى، ھەر مو يەرنىڭ تېرىش زىچلىقى 4000 تۈپكىمۇ يەتمەيتتى. ھازىر گۇچۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى 100 مىڭ مو يەردىكى كۆممىقوناقنىڭ ھەممىسىگە بۇ تېخنىكا قوللىنىلغان، ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلى 1100 كىلوگرامغا يەتكەن، ھەر مو يەردىكى تېرىش زىچلىقى 7000 تۈپكە يەتكۈزۈلگەن. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە 2019 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.